# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يۈزگە ئۈرۈشتىن ۋە يۈزنى داغلاشتىن چەكلىدى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر ئېشەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ داغلانغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭ يۈزىنى داغلىغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن» دېدى. ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «يۈزىگە ئۇرۇشتىن ۋە يۈزنى داغلاشتىن چەكلىدى»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇھەدىستە ھايۋانىنىڭ يۈزىنى داغلاشتىن ۋە ئىنسانىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇنداق قىلغان كىشىگە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن ھېسابلىدى. ئۆلىمالار يۈزگە ئۇرۇشتىن چەكلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يۈز دېگەن گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن سەزگۈر ئەزا، يۈزنىڭ قۇرۇلمىلىرى بەك ئېسىل-سىلىق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلگىلى بولىدۇ، يۈزگە ئۇرغان ۋاقىتتا يۈزنىڭ ئېسىللىكى يوقايدۇ، بەزى ۋاقىتتا يۈزدە ئەيىپ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. يۈزگە ئەيىپ پەيدا قىلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى يۈز ئاشكارا ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ، يۈزگە ئۇرۇلغاندا كۆپ ۋاقىتلاردا ئەيىپتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8893

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee